# يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى يىرىك پىلان تۈزۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: مۇتەخەسسىس، ئالىملار ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كەسپ ساھەسىنى چىقىش قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات مۇھىتى، تەپەككۇر يولى، ۋەزىپىسى، تەدبىرلىرى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىنغا قاتناشقان باشقا مۇتەخەسسىسلەر يازما سۆز تاپشۇردى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىك تەپەككۇر بىلەن قاراش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەتتۈۋەتتى، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش يۈزبەردى. دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيات مۇھىتىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ئېلىپ كەلگەن يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسلارنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش. بىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمالدا ئىچكى بازارغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجغا بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياج يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ھەرگىزمۇ بېكىنمە ئىچكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنى سىجىل ئۆسىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنى تەمىنلەيدىغان بازار پۇرسىتى تېخىمۇ كېڭىيىپ، خەلقئارا تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللار بايلىقىنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور تارتىش كۈچى مەيدانىغا ئايلىنىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقا تايىنىدىغان ماھىيەتلىك ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېزدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان روشەن ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يېڭى تېخنىكىنى تېز سۈرئەتتە چوڭ كۆلەمدە قوللىنىش ۋە يېيىلدۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ئۆزگىچە ئەۋزەللىكنى يارىتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنى يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاشتۇرىدىغان، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرىدىغان جەڭگاۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىختىساسلىقلار ۋە پەن تەتقىقات كوللېكتىپىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە كىرگۈزۈپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور چەكتە قوزغاش كېرەك. ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالاقىسى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھاتمۇ يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى، جەزمەن تېخىمۇ زور جاسارەت، تېخىمۇ كۆپ تەدبىر ئارقىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنى بايلىق تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز مۇقىم بولغان، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تۈزۈم مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. مۈلۈك ھوقۇقى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق كۈچ مەنبەسىنى تولۇق ئۇرغۇتۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىسى يەنىلا دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈپ دۆلەت سىياسىتى. سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يەرشارئۇۋ ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتىش كېرەك. تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تولۇق قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەڭپۇڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ - ھەل قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇ يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بىز يېڭى جانلىق ئەمەلىيەتنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات ئىدىيەسى، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈلمىسى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى، بازار مېخانىزمى، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش، كەسپ قۇرۇلمىسى، كارخانا ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە نۇرغۇن مۇھىم ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. دەۋر تېمىسى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مول ئەمەلىيىتى نەزەرىيە ۋە سىياسەت تەتقىقاتىدىكى «مول كان» بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھادىسىدىن ماھىيەتنى تونۇپ، خەلقئارا نەزەر دائىرە تۇرغۇزۇپ، نەزەرىيە ۋە سىياسەتتە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، خۇاڭ كۈنمىڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

# ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(بېشى 2 - بەتتە)

لېنىن سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ «ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئەتراپلىق، ئەڭ تەپسىلىي ئىسپاتى ۋە قوللىنىلىشى» دەپ قارىغان. بىز ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مېتودولوگىيەسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇ يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بىز يېڭى جانلىق ئەمەلىيەتنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات ئىدىيەسى، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈلمىسى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى، بازار مېخانىزمى، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش، كەسپ قۇرۇلمىسى، كارخانا ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە نۇرغۇن مۇھىم ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەسىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم توغرىسىدىكى نەزەرىيە، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەبەھرە تەرەققىيات توغرىسىدىكى نەزەرىيە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، بازارنى بايلىق تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان قىلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى نورمال ھالەتكە كىرىشى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەڭ قەدەملىك تەرەققىياتى ۋە رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، دېھقانلار ھۆددىگە ئالغان يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى خوسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيە، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى - خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى نەزەرىيە قاتارلىقلار. بۇ نەزەرىيە نەتىجىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى.

دەۋر تېمىسى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەۋر تېمىسى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتقان. ھازىر، ئۆركەشلەپ مەۋج ئۇرۇۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادىي چوڭ دولقۇنىدا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ پاراخوتنى ياخشى باشقۇرۇش - باشقۇرالماسلىق پارتىيەمىز ئۈچۈن مۇھىم، زور سىناق. چىگىش، مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئالدىدا، خىلمۇخىل ئىقتىسادىي ھادىسىلەر ئالدىدا ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە مېتودولوگىيەسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، بىزنىڭ ئىقتىسادنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىنى تونۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دائىر نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىشىمىزگە پايدىلىق. يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مول ئەمەلىيىتى نەزەرىيە ۋە سىياسەت تەتقىقاتىدىكى «مول كان» بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. بۇ يەردە، مەن كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئۈمىدىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بىرىنچى، دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە قايتۇرۇپ، ئىلمىي ماقالىنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىغا يېزىپ، نەزەرىيە بىلەن سىياسەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، جەمئىيەت ئىلمىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، نەزەرىيە ۋە سىياسەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساسقا ئىگە قىلىش، ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىن ماھىيەتنى تونۇپ، قىسقا مەزگىللىك داۋالغۇشتىن ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نەزەرىيە ۋە سىياسەتتە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، خەلقئارا نەزەر دائىرە تۇرغۇزۇپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىلىشىشى، ھەمتۈرتكە بولۇشى داۋامىدا ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق تېمىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراستى، جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلىش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇغداي يىغىۋېلىنغان كۆلەم %90تىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بۇغداي يىغىۋېلىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى قاتارلىق دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز، سوغۇق، سالقىن بۇغداي رايونلىرىدىن باشقا رايونلاردا بۇغداي يىغىۋېلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، ئومۇمىي يىغىۋېلىش نىسبىتى %70تىن ئاشتى، ئالتاي ۋىلايىتىدە يازلىق بۇغدايمۇ ئارقا - ئارقىدىن يىغىۋېلىش مەزگىلىگە كىرىپ، يىغىۋېلىش نىسبىتى%20.1كە يەتتى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 258 مىڭ 400 توننا بۇغداي سېتىۋېلىنىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 95 مىڭ 800 توننا كۆپەيدى. بازاردا ئەلا سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش باھاسى ھەر كىلوگىرامى 2.48 يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 0.05 يۈەن ئۆستى.

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاشتىن ئىبارەت تۈرلۈك قوللاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھوسۇل ئازىيىش خەۋپىنى تۆۋەنلەتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 5 مىليون 880 مىڭ توننىغا يېتىشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش مۇقىملاشتى، «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش»تىن ئىبارەت ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ئىقتىسادى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى پەن جىگاڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ نېنىمۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىغا كىرىشكە باشلىدى، «دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى بازارغا يۈزلەنگەندە، شىنجاڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى كەڭ بوشلۇققا ئىگە بولىدۇ».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشى نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تېخىمۇ كۆپ ھاياتىي كۈچ قوشتى. «سۈپەتلىك ماركىنىڭ ئۆزى بەلگە كارتىسى، بەلگە بولۇپ، سۈپەتلىك ماركا يارىتىشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور» دېدى پەن جىگاڭ. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «ئابلاجان نانلىرى» «ماي گۈلى» «جياڭشاۋناڭ» «ياشىن» «نانبەگ» «گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى» «ئەپەندى» قاتارلىق دەسلەپكى قەدەمدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە سۈپەتلىك ماركىلار بارلىققا كەلدى.